## 39730 ـ مەن بىرقانچە قېتىم ئۆمرە ھەج قىلدىم، لېكىن بىر قېتىممۇ چېچىمدىن قىسقارتماپتىمەن، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟

### سوئال

بىر خانىم ئىلگىرى بىر قانچە قېتىم ئۆمرە  ھەج قىلىپ چېچىدىن قىسقارتماپتۇ بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟، كېيىن يەنە بىر قانچە قېتىم ئۆمرە قىلىپ چېچىدىن قىسقارتىپتۇ، ئۇ خانىمنىڭ ئىلگىرى چېچىدىن قىسقارتماي قىلغان ئۆمرىسى ئۈچۈن كاپارەت ياكى جازا كېلەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

كىمكى ھەج ياكى ئۆمرە ھەج قىلغاندا، چاچنى ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىشتىن ئىبارەت ۋاجىپلىرىدىن بىرەرنى تەرك قىلسا، ئالىملارنىڭ قارشىغا كۆرە، ئۇ كىشىگە بىر قوي جازا كېلىدۇ، ئۇنى مەككە دائىرىسى ئىچىدە ئۆلتۈرۈپ شۇ يەردىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ، ئۆزى يېمەيدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: بىر كىشى ئۆمرە ھەج قىلىپ بىلمەسلىك ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن چېچىنى پۈتۈن ئالدۇرماي ياكى قىسقارتماي ئىھرامدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئۆمرىسى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: " ئۇ كىشى گەرچە چېچىنى ئالدۇرۇپ ياكى قىسقارتمىغان بولسىمۇ قىلغان ئۆمرىسى توغرا بولىدۇ، چۈنكى چاچنى ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىش بولسا ئۆمرە ھەجنىڭ پەرزلىرىدىن ئەمەس، بۇ پەقەت ۋاجىپ ئەمەللەردىن، ئەگەر ئىنسان ئۇنتۇپ قىلىپ چېچىنى ئالدۇرمىغان بولسا، يادىغا كەلگەندە دەرھال ئالدۇرىدۇ، ئەگەر ئۇيەردىن كېتىپ كېيىن ئېسىگە كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ پىدىيىسى ئۈچۈن مەككە دائىرىسى ئىچىدە بىر قوي ئۆلتۈرۈپ ئۇنى شۇ يەردىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ.  ۋاجىپ ئەمەلنى ئۇنتۇپ قىلىپ ياكى بىلمەسلىكتىن تەرك قىلغان بولسا، ئۇ كىشىگە گۇناھ بولمايدۇ". [ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى 22 ـ توم 466 ـ بەت].

شەيختىن يەنە:  بىر كىشى ئۆمرە ھەج قىلىپ تاۋاپ قىلىپ ۋە سايا ـ مەرۋە قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا چېچىنى ئالدۇرماستىن ياكى قىسقارتماستىن ئىھرامدىن چىقىپ ئاندىن ھەجگە ئىھرام كىيگەن بولسا، بۇ كىشىنىڭ نىمە قىلىشى كېرەك بولىدۇ؟ دەپ سورالغان، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن:  ئۇنىڭ  كۆرۈنىشىدىن يەنىلا تەمەتتۇ ھەجگە تەييارلىق  قىلغاندەك قىلىدۇ، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ چاچنى قىرقىش ياكى قىسقارتىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن فىدىيە بېرىشى كېرەك، بۇ فىقھشۇناسلارنىڭ ۋاجىپ ئەمەلنى تەرك ئەتكەنلىكتىن  فىدىيە ئادا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەشھۇر قارىشىغا ئاساسەن،  ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولسا، مەككىدە پىديە ئۈچۈن قوي سويۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى مەككىدىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىشى كېرەك.

ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولمىسا، ئۇ كىشىگە ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ. بۇ تەمەتتۇ ھەجنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇ تەمەتتۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ مەقسىتى شۇ ئىدى" . [ ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى 22 ـ توم 468 ـ بەت].